# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
3
سەيشەنبە
维吾尔文 9月3日

新疆日报 شينجياڭ گازەتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24807 - سان بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 11 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، ۋاڭ چىشەن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار زوۋ ۋېي، ۋاڭ پېڭ) جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ 11 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىناق، مۇقىم ياخشى ۋەزىيەت ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى  شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيىتى ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۇنجېڭ ھازىرقى مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىرىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەردانە ئىرادىسى ئۇرغۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىغا قاراپ ئاتلانغان مۇھىم تارىخىي تۈگۈن بولۇپ، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ھازىرقى مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى ئۈچۈن ئىناق، مۇقىم جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنۇمبىرسال تەدبىر قوللىنىش، بىرلىكمە مۇشت ئېتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىنى تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، قاتتىق زەربە بېرىش يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىنى سىجىل قوغداپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



شىنجاڭ ياخشى جاي

**باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ شىرىنزا يېزىسىدىكى گاۋجياخۇ سۇلۇق يەر باغچىسى (8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). بۇ مەنزىرە رايونىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1600 مېتىر بولۇپ، باركۆلنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك سۇلۇق يەر مەنزىرە رايونى ھېسابلىنىدۇ. تيانشان بىلەن سۇلۇق يەرنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلانغان گۈزەل مەنزىرىسى ھەرقايسى جايلاردىكى ساياھەتچىلەرنى بۇ يەرگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە - ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى.**

☐ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# غەربىي شىمال نېفىتلىك شىركىتى: يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئېنېرگىيە جاۋاب قەغىزىنى جاسارەت بىلەن پۈتمەكتە

☐ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭ

بۇ يىل جۇڭگو نېفىت - خىمىيە سانائىتى غەربىي شىمال نېفىتلىك شىركىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىشنىڭ بەشىنچى ئون يىلىغا قەدەم قويدى. 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى غەربىي شىمال نېفىتلىك شىركىتىنىڭ ئاساسلىق رايون بۆلىكىدىكى تارىم دەرياسى نېفىتلىكىنىڭ خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى جەمئىي 100 مىليون توننىنى بۆسۈپ ئۆتتى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، نېفىتچىلار «مەن ۋەتەنگە نېفىت تەقدىم قىلىمەن» دېگەن ئۇلۇغۋار ئىرادە بىلەن، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدە ئارقا - ئارقىدىن مۆجىزە يارىتىپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلار غەربىي رايون ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيە بازىسى قۇرۇش نىشانىنى كۆزلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئېنېرگىيە جاۋاب قەغىزىنى جاسارەت بىلەن پۈتمەكتە.

### ■ باشلامچى بولۇشقا جۈرئەت قىلىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، غەربىي شىمال نېفىتلىك شىركىتى نېفىت ئېلىش 2 - زاۋۇتىنىڭ TK694 قۇدۇقىدا، تېخنىك خادىم زۇ گوجۈن ھەمراھى بىلەن سۈيۈق نېفىت ئاربالاشتۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشى قىلىۋاتقان قوماندانلىق قۇراشتۇرۇش تېپىدىكى تولۇق ئاپتوماتىك سۈيۈق نېفىت ئاربالاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. «ئازوت گازى كىرگۈزۈش، سۇ كىرگۈزۈش تەدبىرلىرىدىن كېيىن نېفىت قۇدۇقىنىڭ يۇقىرى بېسىمنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىۋاتقاندا سىستېمىغا كىرەلمەسلىك مەسىلىلىرىگە قارىتا، بىز كۆچمە سىگنالنى يىراقتىن كونترول قىلىش ئارقىلىق، ‹ئەقلىي ئىقتىدارلىق راۋانلاشتۇرۇلغان› يۇقىرى بېسىملىق ئاپتوماتلاشقان سۈيۈق نېفىت ئاربالاشتۇرۇش تەرتىپ پروگراممىسىنى تۈزۈپ، كۈنىگە 40 مىڭ يۈەنگە يېقىن تەننەرخنى تېجەپ قالدۇق» دېدى زۇ گوجۈن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

# ئۈمىدۋار، ئوچۇق - يورۇق ئامانىسا قايتىپ كەلدى

☐ مۇخبىرىمىز شى خۇيبىن

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، تۈن پەردىسى ئەمدىلا چۈشۈشى بىلەن، يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى جاڭ چيەن كەچلىك بازىرى قايناپ - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئامانىسا ئابدۇكېرىم بىرنەچچە دوستى بىلەن چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، تاماق يېگەچ پاراڭلىشىۋاتاتتى، كەيپىيات تولىمۇ قىزغىن ئىدى. كۆپچىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇش توغرىسىدا پاراڭلاشتى، پاراڭ كۆپرەك ئامانىسادىكى ئۆزگىرىش ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى.

«چىرايلىق بولۇش» «ئۆزگە ئېشىنىش» «ئوچۇق - يورۇق بولۇش» كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئامانىسادىن ئالغان ئەڭ چوڭ تەسىراتى ئىدى. ئەمما، ئامانىسانىڭ قارىشىچە، ئۇ پەقەتلا ئەسلىدىكى ئۆزىنى تېپىپ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئەسلىدىكى ئامانىسا قانداق ئىدى؟ نېمىشقا ئۆزگىرىش يۈز بەردى، مۇخبىر ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ھەم ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدى.

### ■ ئىلگىرى ھەقىقىي ئۆزىنى يىتتۈرۈپ قويۇش

ئامانىسا يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىن بولۇپ، توي قىلغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. خاراكتېرى ئوچۇق - يورۇق بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا شۇ جايدىكى زىبۇ - زىننەت دۇكىنىنىڭ مال ساتقۇچىسى بولۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر — يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق - تاشقىنلىق يىللىرى

## يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلدى

تەپسىلاتى 4 - بەتتە

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي    بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ئىدىيەدە تاۋلىنىش باشتىن كەچۈرۈلدى سىياسىيدا قەتئىي بولۇش چېنىقتۇرۇلدى

### — شىنجاڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرغانلىقى توغرىسىدا يۈرۈشلۈك ئۇنۇمبىرسال باyan

☐ مۇخبىرىمىز گاۋ ۋا

ئېتىقاد ئۇلى مۇستەھكەم قۇرۇلۇپ، مەنىۋى كالتسىي يېتەرلىك تولۇقلىنىپ، ئىدىيە رولى چىڭ تۇتۇلدى. باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى 1 - تۈركۈمدە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى ئېتىقاد، ئەقىدىنى چىڭىتىپ، ئەسلى مەقسەت - بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر پارتىيەگە سادىق بولۇشقا، خەلققە سادىق بولۇشقا، ماركسىزمغا سادىق بولۇشقا تەربىيەلىدى، يېتەكلىدى.

### ■ سىياسىي يۈكسەكلىك ئۆستۈرۈلدى «تۆت ئاڭ» كۈچەيتىلدى

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى ۋە شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى، پارتىيە ئىنتىزامىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە — يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

### ئاپتونوم رايونىمىز 29 تۈرلۈك تەدبىر چىقاردى

# ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كۈچ قوشتى

مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىز «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى چىقىرىپ، 29 تۈرلۈك قاراتمىلىققا ئىگە تەدبىر ئارقىلىق ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقان.

«پىكىر»دە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىش، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، مالىيە - باج سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىشچان تەرەققىيات سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مۇلازىمەت قىلىش، كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشىلاش، تەشكىلىي رەھبەرلىك ۋە بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ 29 تۈرلۈك يېتەكچى تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يازلىق يولۇچى توشۇش مىقدارى 10 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

### ئېشىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى

مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، پىراكتىكانت **جاۋ شىڭمىڭ**نىڭ جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا 62 كۈنلۈك يازلىق يولۇچى توشۇش مەۋسۇمى غەلىبىلىك ئاخىرلىشىپ، يولۇچى توشۇش مىقدارى 10 مىليون 195 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 20.6% ئېشىپ، ئېشىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان.

بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريولى «ئىسكىلاتتا بېسىپ تۇختىتىش، سۈرئەتنى تېزلىتىش، قۇرۇلمىنى تەكشەش، دەل ۋاقتىدا كاپالەتلىك قىلىش، مۇلازىمەتنى كۈچەيتىش»تىن ئىبارەت يولۇچى توشۇش تەرەققىيات پىكىر يولى ۋە «پويىزنى ياخشى ھەيدەش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى

新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP